# ئەمدى كىمنى ئانام دەيمەن

(شېئىرلار)

مۇھەممەد ئىمىن مەتنۇرى سەھرايى

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**1**

# ئىزدەيلى

ئىزدەيلى ھەممە يۈتكەن سەبنى،
بىزلەردىن كۆڭلى تېنىپ .قالمىسۇن.
مۆرىمەي قاراپ تۇرۇپ بىزلەرمۇ،
قىلغىنىمىز چېنىپ قالمىسۇن.

ئېلىپ قېچىپ مەلئۇن،ئوغرىلار،
يامان يولغا مېڭىپ قالمىسۇن.
مىللەتنىڭ ئۈمىدى ئۇلار بىلسىڭىز،
بىزلەردىن كۆڭلى تېنىپ قالمىسۇن.

ئىزدەيلى ئىزدەيلى ھەممە ئىزدەيلى،
كەتكەن ئېقىمغا بىزلەرمۇ چىداپ.
ئوخشاش مىللەت بىزمۇ قېرىنداش،
ئاۋاز قوشايلى كەتمەيلى قېيداپ.

**2**

## كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەيمەن

كەتتىڭ ئانا سەنمۇ ياش تۇرۇپ،
كىسەل تارتماي تىمەن شاش تۇرۇپ.
يىغلاپ ئۇزاتتىم سىنى ئاھ ئۇرۇپ،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

سىنىڭدەك كۈلەر چىھرى بولمىسا،
بالام دەپ كۈلۈپ مىھرى بولمىسا.
سىنىڭدەك قۇلى گۈل سىھرى بولمىسا،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

ئۆيگە كىلەر ئەمدى يات مىھمان،
باغرىمۇ  سەن كىتىپ سىنغىنى سىنغان.
بالاڭمۇ ھەممىدە چانغىنى  چانغان،
كىملەرنى  ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

ئاشلارنىڭ ئورنىغا قەھرىمۇ كىلەر،

تىل ـ دەشنام.ئاھانەت زەھرىمۇ كىلەر.
قوپە دەپ تاڭ ئاتماي سەھرىمۇ كىلەر،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

نان بەرسە ماڭا كۆيۆكنى تەڭلەر،
ئاش بەرسە غوتولداپ سۇيۇقنى تەڭلەر.
سەن كىتىپ باستى بالاڭنى غەملەر،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

كۆنلىرى ھە دەپلا ئالار قۇلاقتىن،
ئۆتەمدىم كۆنلىرى يەپلا تاياقتىن.
يات مىھمان ئېلىپ كۆندە قۇلاقتىن،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

پاندا شۇنداقلا تاشلاپ كىتەمسەن،
كۆزلەرىمنى ياشلاپ كىتەمسەن.
تۆگمەس سەپەرنى باشلاپ كىتەمسەن،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

بىرگە ئېلىپ كەتسەڭ بولماسمۇ،

يات مېھمان ھەدىسە قۇلاق يۇلماسمۇ.
ھەسرەتتە يىغلاپ باغرىم سىنماسمۇ،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن.

سىنىڭدەك مەززىلىك ئېشى بولمىسا،
قايغۇمغا مىنىڭكى يېشى بولمىسا.
سىنىڭدەك قاپ ـ قارا قېشى بولمىسا،
كىملەرنى ئەمدى ئانامۇ دەرمەن..

3

## كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتتۈلدى ئاتا

بارىڭدا مەنمۇ ئويناپ يۈرەتتىم،
دىبادا قاۋاقتا قايناپ يۈرەتتىم.
گۆش كاۋاپنى چايناپ يۈرەتتىم،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتتۈلدى ئاتا.

بارىڭدا ھۇزۇرنى سۈرۈپ قۇياتتىم،
ساڭىمۇ قاپاقنى تۈرۈپ قۇياتتىم.

گاھىدا مەنمۇ ئۇرۇپ قوياتتىم،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

مەس كىلىپ بۇرنۇڭنى ئىلىپ قوياتتىم،
ئېغىرچىلقىنى سىلىپ قوياتتىم.
يۈرەكلىرىڭنى تىلىپ قوياتتىم،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

ھەممە ئىش سەن كىتىپ ماڭا يۈكلەندى،
قەددىمۇ ئېگىلىپ مىنىڭ پۈكلەندى.
سەن كىتىپ بالاڭ سىنىڭ يەكلەندى،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

ھەممىنىڭ چاقىرىشى مىنمۇ يىتىم،
كۆزۈمدىن ئاقىدۇ سېغىنىپ يېشىم.
بار ئىدى دەۋالاي مىنىڭمۇ گىپىم،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

قۇزلىماس بولدى سىنىڭ قويلۇرۇڭ،
قىرزىماس بولدى كىتىپ تۈيلۈرۈڭ.

ئاڭلانماس بولدى سىنىك مۈڭلۈرۈڭ،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

ئۆنلىمەس بولدى كىتىپ كەپتىرىڭ،
يۆرەككە ئۆرناشتى سىنىڭ دەرتلىرىڭ.
قىپ قالدى بىزدە ئىست دەرتلىرىڭ،
كەتكەندە قەدرىڭ.ئۆتۈلدى ئاتا.

تۆللىمەس بولدى باققان قويلارىڭ،
ئامان تۆردىمۇ ئالتۆن بۆيلارىڭ.
ئۆرنەك بولدى بىزگە خۆيلارىڭ،
كەتكەندە قەدرىڭ.ئۆتۈلدى.ئاتا.

قارا تۆتۆپ ئېتىزدىن ھۆسۆل چىقمىدى،
سەن كىتىپ تۆققاننى ھېچكىم يىغمىدى.
سىنىڭدەك ئادەم ھەرگىزچىقمىدى،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

كەپتىرىڭ مۆڭلاردا سايرىماس بولدى،
قۆيلىرىڭ قارا تۆتۆپ مەرىمەس بولدى.

پەرزەنتلىرىڭ سىنىڭ يارىماس بولدى،
كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا.

قالدىغۇ تاشلىنىپ ئايۋان سارايىڭ،
توغرىغا باشلايتتى سىنىڭ قارايىڭ.
ھەممىگە بار ئىدى سىنىڭ ئامالىڭ،

كەتكەندە قەدرىڭ ئۆتۈلدى ئاتا،
كۆزلەرنى شۇنداق ياشلاپ كېتەمسەن.
بىزلەرنى مەڭگۈلۈك تاشلاپ كېتەمسەن،
تۆگىمەس سەپەرنى باشلاپ كېتەمسەن.

**4**

## قەدىرلە ئىنسان ئاتا ـ ئاناڭنى

قەدىرلە ئىنسان ئاتا ـ ئاناڭنى،
پەرۋىشدە سىنى باققان ئەمەسمۇ.
چوغدەك مەڭزىنى ئەكەپ يۈزۈڭگە،
ئەركىلەپ ساڭا ياققان ئەمەسمۇ.

ئۆلار سەنمۇ قۇش بولۇپ ئۇچۇپ،
ھاۋادا قاناتنى قاققان ئەمەسمۇ.
تەرلەپ پىشىپ سىنىڭ جاپاكەش،
سۈيگىدە بىلسەڭ ئاققان ئەمەسمۇ.

ئۆلار بولغاچ سەنمۇ خاتىرجەم،
ياڭاق بادام چاققان ئەمەسمۇ.
سىنى دەپ ئەزىز ئاتا ـ ئاناڭمۇ،
داق يەرلەردە ياتقان ئەمەسمۇ.

خاتىرجەم.قىلسەن سەنمۇ ئىشىڭنى،
بالاڭنى نەۋرەم دەپ باققان ئەمەسمۇ.
مۇڭ كۈيىدە ئەللەيلەر ئېتەپ،
قوشاقلارنى قاتقان ئەمەسمۇ.

ئۆلار بارىدا بىغەملا ئۇينىپلا،
ھۇزۇرنى سەنمۇ سۈرگەن ئەمەسمۇ.
كەتتى ئاتاڭ ئاناڭ ئەلەمدە،
قاپاقنى ئۆلارغا تۈردۈڭ ئەمەسمۇ.

ئۇلار باردا قاۋاقتىن كەلمەي،
كۆينەكنى ئايغىنى بوغدۇك ئەمەسمۇ.
قەدرىنى قىلىۋال كەتسە كەلمەيدۇ،
ئەلەمدە ئىست قويدۇك.ئەمەسمۇ.

5

## ۋاپاسىز باللارغا

ئاق سۈت بىرىپ چوڭ قىلىپ قويسا،
تەربىيە قىلىپ ئوك قىلىپ قويسا.
پەرۋىشلىرىدە چوڭ قىلىپ قويسا،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز تۇققان ئاناڭنى.

جاپاسىدا بېقىپ چوڭ قىلسا،
مەڭزىنى ساڭا يېقىپ چوڭ قىلسا.
ياڭاقلاردىن چېقىپ چوڭ قىلسا،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز باققان داداڭنى.

سىنى دەپ جاپادا ئۆمۈر چاتىسا،
بارىنى ساڭا ئاتاپلا ئاناڭ يادىسا.
قاپاقنى تۈرەمسەن سەنمۇ ھەدىسە،
باققاننى تۇلەمسەن ئىپتە ۋاپاسىز.

سىنى دەپ شۇداداڭ ئايلاندى چالغا،
كەلتۈرۈپ قويدۇڭ سەنمۇ شۇ ھالغا.
ئاتىدى يىمەي بىچارە ھەممىنى بالىغا،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز باققان داداڭنى.

سىنى تەۋتىپ ئاناڭ باققان ئەمەسمۇ،
تەرلەر چىكىدىن ئاققان ئەمەسمۇ.
ئەللەيدە قۇشاقنى قاتقان ئەمەسمۇ،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز تۇققان ئاناڭنى.

سىنى دەپ داق يەردە ياتقان ئەمەسمۇ،
قارا تەر ئۇنىڭدىن ئاققان ئەمەسمۇ.
ھەرىدەك سەنمۇ چاققان ئەمەسمۇ،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز باققان داداڭنى.

ئۇلار نارازى كۆرمەيسەن جەننەت،
بولۇپ كىتىپسەن ئاجايىپ ھەيۋەت.
بولدى بىلمىدىڭ كەينىڭدىن غەيۋەت،
ئۇرامسەن ۋاپاسىز ئاتا ـ ئانائنى.

**6**

## دېھقاننى كۆيلۇگۇم كېلۇر

دېھقاننى مەدھىيلەپ كۆيلۇگۇم كېلۇر،
ئۆچكەن ئۇتىنى پۈۋلىگۇم كېلۇر.
ھەممىنى كەتمەندە باقار جاپاكەش،
ياردەملەر كەلمىسە سۆيلىگۇم كېلۇر.

ئۆچكەن ئۇتىنى سۆيلىگۇم كېلۇر،
قەرزى بولسا ئۇنىڭ تۆلىگۇم كېلۇر.
يىقىلىپ قالسا دېھقان جاپادا،
يۈگرەپ كەپ.ئالدىغا يۆلىگۇم كېلۇر.

دېھقانغا مېنىڭ مەسلىگۇم كېلۇر،

ئازار بەرسە بىراۋمۇ غەشلىگىم كىلۇر.
ئۇرۇن بىرىپ مەنمۇ تۆرىدىن،
يۆرەگىنى چايلاردا ئەشلىگۇم كىلۇر.

ھەردائىم قۇشاققا قاتقۇمۇ كىلۇر،
كۆتۈپ شاھلاردەك باققۇمۇ كىلۇر.
يادىغان دېھقانىنىڭ مەنمۇ مەڭزىگە،
مەڭزىمنى ئەركىلەپ ياققۇمۇ كىلۇر.

**7**

## گۈزەل تۇرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق

يىراق-يېقىن بىزلەر چاقىرىپ،
زۇلمەت دىللەر بىزنىڭ ئاقىرىپ.
كۆلكىلەردە ئەجەپ ياشىرىپ،
گۈزەل تۇرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

چاقىرىپتۇ بىزلەرنى ھاكىم شۇ باشلىق،
ھەممىنىڭ كۆزلىرى سۈيۈنۈپ ياشلىق.

ساخاۋەتكە تەيياردۇر بىزدىمۇ ئاشلىق،
ساخاۋەت ئۈچۈن بۈگۈن جەم بولدۇق.

نە باشلىق ئىشچى دەپ بىزلەر ئايرىماي،
تارقىلىپ كەتمەيمىز كۆڭۈل يايرىماي.
سىردىشىپ چىقمىز بىزلەر قاينىماي،
گۈزەل تۈرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

خەيرى ـ ساخاۋەتنى بىزلەر قوغلۇشۇپ،
ئۈچرىشىپ خۇشلۇقتا بىزلەر تۇۋلۇشۇپ.
مىللەت ئايرىماي راسا قوللۇشۇپ،
گۈزەل تۈرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

سۆزلىدى بۈگۈن شەمسىيە خانىم،
دىمەيدۇ ھەرگىزمۇ يۇغاندۇر ھالىم.
قاتناشتى نەدىخان قالماي مۇئەللىم،
ساخاۋەت ئۈچۈن بۈگۈن جەم بولدۇق.

چاقىردى بۈچايغا مۇتىۋەر باشلىق،
كۆرۈشتۇق ھەممىنىڭ كۆزلىرى ياشلىق.

تەيياردۇر بىزلەرنىڭ يۇقسۇلغا ئاشلىق،
ساخاۋەت قوغلۇشۇپ بۇگۈن جەم بولدۇق.

كەلدى ئالتاي يىراق ماناستىن،
ئىچمەي ئاقنى بىزمۇ كاۋاستىن.
يىتملەرنى چۇشۇرمەي ھاپاشتىن،
ساخاۋەت ئۈچۈن بۇگۈن جەم بولدۇق.

كەپتۇ مانا ئىلى يىراق غولجىدىن،
ئەكىلىپتۇ قىمىز تاتلىق ئولجىدىن.
ئۇرۇن راسلىدۇق باراڭ دالدىدىن،
گۈزەل تۇرپاندا بۇگۈن جەم بولدۇق.

كەلدى دوسلار ئۈرۈمچىدىنمۇ،
ئېپ كەپتۇ يۇقسۇلغا گۈرۈنجىدىنمۇ.
سالمايمىز دوسلارغا سىپلىنجىدىنمۇ،
ساخاۋەت ئۈچۈن بۇگۈن جەم بولدۇق.

يىراق دىمەي كەپتۇ خۇتەندىن،
ئېلىپ كەپتۇ مانا ئولپاندىن.

چاقىرىشىپ بىزمۇ چولپاندىن،
يالقۇنتاغ دىيارىدا بۈگۈن جەم بولدۇق.

ساخاۋەت ئۆچۈن مۇساپە بېسىپ،
يىراق - يوللاردا قۇساقلار ئېچىپ.
كىشمىش چايلىرى بىزلەرگە تېتىپ،
گۈزەل تۇرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

ماڭغان ھەر قەدەم ساخاۋەت ئۆچۈن،
كەلمىدى سۇرۇنغا ھەرگىزمۇ يۈچۈن.
بەزمىدە يايرىدۇق كۆڭۈللەر پۈتۈن،
گۈزەل تۇرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

ئىگىلگەن كۆڭۈلنى چايلاردا ئېلىپ،
مېھمانغا كەڭرى داستىرخان سېلىپ.
شەربەتتەك تاتلىق قۇغۇنلار تىلىپ،
گۈزەل تۇرپاندا بۈگۈن جەم بولدۇق.

يۈقسۇل ئۆچۈن بىزمۇ تەرنى ئاققۇزۇپ،
خۇشپۇراق گۈل بولۇپ ھىدى چاچقۇزۇپ.

ئاداۋەت ـ ئارازنى چايدا قاچقۇزۇپ،
گۈزەل تۇرپاندا بوگۈن جەم بولدۇق.

8

## يەتمەيدىكەن

دۇنيادا يەتمەيدۇ ھېچقانداق نەرسە،
شۇ ئاناڭنىڭ ئىللىق مېھرىگە.
كۆلكە يوگرەر پەرزەنتى ئۈچۈن،
جاپادا قالسىمۇ ئۇنىڭ چېھرىگە.

ئانىنىڭ مېھرى گويا ئاتەش،
جۇدۇن سوغدىمۇ ئادەم كۆيدۇرەر.
بىلمەيدۇ چوڭ بولۇپ ئانا قەدرىنى،
قىسمەن بەزى ساراڭ ئۆلگۈلەر.

ئاناڭدەك گۈلخاننى سەنمۇ ئىزدەپ،
تاپالمايسەن ساڭا نەدە بار.
قەدرىنى قىلىۋال ھاياتىڭلىغدا،

كاللىسىنىڭ سەنمۇ دەردى بار.

## 9

## ئايرىمسۇن

بۆيۈنلار مۇ قىسلىپ قالار،
قېرىنداشمۇ ياتلىشىپ قالار.
ئۇرۇشۇپلا تاتلىشىپ قالار،
ئايرىمسۇن ئەزىز ئانىدىن.

قېرىنداشمۇ چېچلىپ كىتەر،
تىرەك بولمىسا يېقلىپ كىتەر.
يامانلارغا قېتىلىپ كىتەر،
ئايرىمسۇن خاقان ئاتىدىن.

كىيىملەرمۇ كىر بۇلۇپ قالار،
ياشلار مەڭزىدىن جىر بۇلۇپ قالار.
كۆزلەرمۇ يىغلاپلا خىر بۇلۇپ قالار،
ئايرىمسۇن ئەزىز ئانىدىن.

يېقىلىپ قالساق كىممۇ يۆلەيدۇ،
ئۆچكەن ئۈتنىمۇ كىممۇ پۈۋلەيدۇ.
بالام دەپلا پەقەت تىنمايدۇ،
ئايرىمىسۇن ھەرگىز- ئاتىدىن.

ئۆزگىلەر ئۈنىڭدەك مېھىر بېرەلمەس،
كۆلۈپ بىزگە چېھىر بېرەلمەس.
كۆچ قۇۋۋەتلەر سېھىر بېرەلمەس،
ئايرىمىسۇن ھەرگىز- ئانىدىن.

يات بىراۋ ئاتىدەك ھەرگىز كۆيۈنمەس،
ئانا بولمىسا يۈرەك سۆيۈنمەس.
ئاتاسى بار ئاناسى بار ئەسلا يىغلىمەس،
ئايرىمىسۇن ئاتا - ئانىستىن.

**10**

## شۇ ئانام مىنىڭ نەگە كەتكەندۇ

بىرقۇلىدا بۆشۈك تەۋرەتكەن،

بىر قولدا دۇنيا تەۋرەتكەن.
ئەجىرلىرىدە بىزنى سەمرىتكەن،
شۇ ئەزىز ئانام نەگە كەتكەندۇ.

ئۇخلىماي بىزنى ئەللەيلەر ئەتكەن،
پەرزەنت غېمىدە ھالىدىن كەتكەن.
قامتى ئېگىلىپ يەرلەرگە تەككەن،
شۇ ئەزىز ئانام نەگە كەتكەندۇ.

بالام دەپلا قاتتىق يادىغان،
پەرزەنت غېمىدە ئۆمۈر چاتىغان.
ئۇ بولغاچ بىزمۇ مىدال قادىغان،
شۇ ئەزىز ئانام.نەگە كەتكەندۇ.

كىچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي غېمىمنى يىگەن،
بالام دەپلا يىرتقىنى كەيگەن.
مۈشكۈللەردە چىرايى ئۆڭگەن،
ئەزىز ئانام مىنىڭ نەگە كەتكەندۇ.

يېقىلسام كىلىپ منى يۆلەيتتى،
ئۆچكەن ئۈتۈمنى هارماي پۈۋلەيتتى.
قۇرساقلىرىمنى كۈندە سۆيلەيتتى،
ئەزىز ئانام منىڭ نەگە كەتكەندۇ.

جامائەت كىلىپلا ئېلەپلا كەتكەن،
تەختىراۋانغا سېلىپلا كەتكەن.
جاپالارغا قېنىپلا كەتكەن،
ئەزىز شۇئانام نەگە كەتكەندۇ.

كەتتىمۇ بىلمىدىم يىراق سەپەرگە،
ئۈبولمسا ئۇچرايمەن مەنمۇ خەتەرگە.
يۈرەكلەر توشتىغۇ هەسرەت زەهەرگە،
جاپاكەش ئانام نەگە كەتكەندۇ.

بىزلەرنى يالغۇز تاشلاپ قۇيۇپلا.
قارا كۆزلەرنى ياشلاپ قۇيۇپلا.
ئەلەمدە يۈرەكتىن قۇدۇق ئۇيۇپلا،
ئەزىز شۇ ئانام.نەگە كەتكەندۇ.

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net